# 50526 - ئايال كىشىنىڭ باشقا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق ھۆسنى - جامالىنى يولدىشىغا سۆزلەپ بېرىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى

## سوئال

سوئال :
ئايال كىشى باشقا بىر ئايالنىڭ چىرايلىق ھۆسنى - جامالىنى يولدىشىغا سۆزلەپ بېرىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس كەلگەنمۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

پۈتۈن ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.
بۇ توغرىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ( ئۇ كىشىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن ) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: **«ئايال كىشى باشقا بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرمەسلىكى،بىر ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ بەدىنىنى تۇتماسلىقى، يولدىشىغا ئۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى سۆزلەپ بەرمەسلىكى، ئەگەر ئۇنداق قىلسا خۇددى ئېرى ئۇ ئايالغا قارىغاندەك گۇناھكار بولىدۇ»**.
بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان 5240 - ھەدىس.
ھاپىز بىن ھەجەر - ئەل قابىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: "بۇ مەسىلىدىكى توسۇشنىڭ ھېكمىتى سۆيەلەنگۈچى ئايالنىڭ ھۆسنى - جامالى ئەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قىلىپ، سۆپەتلەنگۈچى توغرىسىدا قالايمىقان خىياللاردا بولۇپ، سۆپەتلەپ بەرگۈچى ئايالنىڭ تالقىنى بېرىشكە سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.
پەتھۇلبارى 9- توم 338 -بەتتە مۇنداق بىر ھەدىس زىكىر قىلىنغان : **«ھەرقانداق بىر ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ بەدىنىنى تۇتمىسۇن»** دېگەن .
بەدىنى تۇتۇش ئارقىلىق يەنە بىر ئايالنىڭ تېرىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئەگەر تىرە - تېرىگە سۈركەلسە بەدەنىنىڭ يۇمشاق ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئايال كىشى ئۈچۈن باشقا بىر ئايالنىڭ بەدىنىگە قارىشى دۇرۇستۇر، لېكىن ئەر كىشىنىڭ نامەھرەم ئايالغا قارىشى چەكلىنىدۇ.